# پەرزەنتى ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان ئاتا-ئانىلار سەمىگە

(2009.4)

ياسىنجان مەترۇزى ئىلقۇت (پەنگىيار)

ئىلاۋە:

مەزكۇر يازما 2009-يىلى يېزىلغان يازما ئىدى، بۈگۈن ئىلقۇت بلوگىغا بۇ يىللىق (2010-يىللىق) دۆلەت ئىچىدىكى نوقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىش پىلان جەدۋىلىنى يوللاپ قويغان ئىدىم، بىر تورداش ماڭا ئارزۇ تولدۇرۇش ھەققىدە ئازراق سۆزلەپ بېرىشىمنى ئۆتۈنۈپ ئېلخەت يېزىپتىكەن، مەن دەرھال بۇ يازمىنى ئىسىمگە ئېلىپ ئازراق تەھرىرلەپ قايتا دوستلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇم. يازما گەرچە قايتا تەھرىرلەنگەن بولسىمۇ پەقەت ئىملا جەھەتتە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، لېكىن ماقالىنىڭ ئەسلى ھالىتى ئەڭ يۇقىرى چەكتە ئەينەن ساقلاپ قېلىندى. شۇڭا تورداشلارنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھۆرمەت بىلەن:

ياسىنجان مەترۇزى ئىلقۇت (پەنگىيار)

(1)

پەرزەنتى ئىچكىرى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان ئاتا-ئانىلارنىڭ

ھەممىسىگە تونۇشلۇق، ھازىر دەل ئىچكىرى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ(تولۇق 3-يىللىقتا) ئالىي مەكتەپ ئارزۇسىنى تاللاش مەزگىلى، يەنە 20 كۈندىن كېيىن ھەممە ئوقۇغۇچىلار ئارزۇ تاللاشقا چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇ يەردە بىر مەسىلە ساقلانغان بولۇپ، بۇ مەسىلە دەل ھازىر ئىچكىرى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ھەرگىزمۇ شىنجاڭدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردەك 6-ئايدا ئاۋال ئىمتىھاننى بېرىپ بولۇپ ئاندىن ئارزۇ تاللىماستىن بەلكى ئاۋال ئىمتىھان بېرىپ بولۇپ ئاندىن ئارزۇ تاللايدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئىچكىرى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارزۇ تاللىشى بىر قەدەر باش ئاغرىتىدىغان ئىش مېنىڭ ئارزۇ تاللاش ۋە ئونۋېرسىتقا چىققاندىن كېيىنكى كۆزىتىشىمگە ئاساسلانغاندا ئىچكىرى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئارزۇ تاللاش جەھەتلەردە ئۇنداق-مۇنداق خاتالىقلارنى سادىر قىلىدۇ. ئىچكىرى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئاساسەن بىكىنمە ھالەتتە ئوقۇۋاتقان بولغاچقا ئۇلارنىڭ سىرتقى مۇھىت بىلەن ئۇچرىشىشى ناھايىتى ئاز بولىدۇ ياكى يوق دېيەرلىك بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئالىي مەكتەپ دېگەن قانداق بولىدىغاندۇ؟ دەپ كۆپ ئويلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا مەن ئۆزۈمنىڭ كۆزىتىشىگە ئاساسەن تۆۋەندىكى مېنىڭ نەزىرىمدە «زادى ساقلانمىسا بولمايدۇ.» دەپ قارىغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتەي، پەرزەنتى ئىچكىرى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان ئاتا-ئانىلارنىڭ كۆرۈپ بېقىشىنى، بەزىبىر ساقلانغىلى بولىدىغان مەسىلىلەردىن ساقلىنىپ پەرزەنتىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئويلىنىپ بېقىشىنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمەن. بۇ پەقەت مېنىڭ شەخسەن كۆز قارىشىم چۇقۇم شۇنداق بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، شۇڭا پايدىلىنىش قىممىتى بار دەپ

قارىسىڭىز پايدىلىنارسىز، پەرزەنتىڭىزنىڭ كەلگۈسىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىزغا ئاز-تولا ياردىمى بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

ئەمىسە ئەسلى مەخسەتكە كېلەي، تۆۋەندىكىلەر مەن ئونۋېرستتقا چىققاندىن كىيىنكى ئويلىغانلىرىم:

بىرىنچىدىن، ئالىي مەكتەپ ۋە تولۇق ئوتتۇرا تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل مۇھىت.

1. مەكتەپنىڭ ماھىيىتى ئوخشىمايدۇ. ئالىي مەكتەپ بىر ئېچىۋېتىلگەن ئوقۇش مۇھىتىدىن ئىبارەت. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئېچىۋېتىلگەن دېگىنىمىز، ئالىي مەكتەپتە سىز خالىغىنىڭىزنى قىلالايسىز، خالىغان ۋاقىتتا سىرتقا چىقىش، ياتاقتا قايتىش، ئۇخلاش، تاماق يېيىش... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئەركىنلىكىڭىز بىلەن ئورۇنلاشتۇرالايسىز. بۇ جەھەتتە تولۇق ئوتتۇرا، بولۇپمۇ ئىچكىرى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى تۈپتىن ئاسمان-زېمىن پەرقلىنىدۇ.

2. ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار مۇناسىۋىتى ئوخشىمايدۇ. تولۇق ئوتتۇرىدا مۇئەللىم ئوقۇغۇچىنى ئىزدەيدۇ، ئالىي مەكتەپتە بولسا ئوقۇغۇچى مۇئەللىمنى ئىزدەيدۇ.  بۇ يەردىكى ئىزدەش مۇناسىۋىتى، تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇتقۇچى ھەر سائەت، ھەر مىنۇت ئوقۇغۇچىنىڭ ياخشى ئۆگىنىشىنى تەكىتلەپ، ئۇنى ياخشى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلاپلا تۇرىدۇ. ئەمما ئالىي مەكتەپتە بۇنداق ئىش مەۋجۇت ئەمەس، پەقەت ئوقۇغۇچى ئۆزى ئېھتىياجلىق بولسا ئوقۇتقۇچىنى ئىزدەپ ئۆگىنىدۇ، ئەگەر ئىزدىمىسە ھېچكىم ئۇنى سەن ئوقۇتقۇچىنى ئىزدە دېمەيدۇ.

3. تۇرمۇش ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ. تولۇق ئوتتۇردا ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىغا قانداق ياشاشنى ئۆگىتىدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا ناھايىتى كۆيۈنىدۇ. ئەمما ئالىي مەكتەپتە بولسا ئوقۇغۇچى پەقەت ئۆزىگە تايىنىدۇ خالاس. ئالىي مەكتەپتە ئاساسەن سىزگە كۆيۈنىدىغان ئادەم يوق، پەقەت ئۆزۈم خان، ئۆزۈم بەگ بولۇپ ياشايسىز، دەل مۇشۇنداق بولغاچقا سىزنىڭ ئۆزىڭىزنى كونترول قىلىش كۈچىڭىز ئالاھىدە ياخشى بولىشى كېرەك. بولمىسا چوڭ زىيان تارتىدىغىنى يەنىلا سىز بولۇپ قالىسىز.

4. ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ. تولۇق ئوتتۇردا دەرسلىك مەزمۇنى ئاز، سالمىقى ئانچە ئېغىر ئەمەس، ۋاقىت كۆپ، مۇئەللىمنىڭ دەرس سۆزلەش سۈرئىتى ئاستا، ئوقۇتقۇچى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ ئوقۇغۇچىنىڭ ۋاختىدا چۈشىنىپ ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىنى ئاساس قىلىدۇ. ئەمما ئالىي مەكتەپ بولسا بۇنداق ئەمەس. ئالىي مەكتەپتە دەرس مەزمۇنى كۆپ، سالمىقى ئېغىر، ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرس سۆزلەش سۈرئىتى تېز، ئوقۇتقۇچى دەرسنى ئاساسەن ۋاختىدا ئۆتۈپ، زىممىسىدىكى ۋەزىپىنى تۈگىتىپ بولۇشنى ئاساس قىلىدۇ، ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزلەشتۈرۈپ كېتىشىنى ئاساسەن ئويلاشمايدۇ. ئوقۇتقۇچى پەقەت دەرسنى ئۆتۈپ بولسىلا ۋەسسالام ئىش تامام ئۆز يولىغا راۋان بولىدۇ. ئوقۇغۇچى ئاساسەن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا يارىتىپ بەرگەن شارائىتلىرى:

دۆلىتىمىز 2000-يىلدىن باشلاپ شىنجاڭدىكى ئاشۇ يېزا-قىشلاقلاردىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېخىمۇ يۇقىرىلاپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېگە قىلىپ،

ئىچكىرىدىكى ھەر قايسى تەرەققىياتى دۆلەتمىزدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان شەھەرلەردە ئىچكىرى تولۇق ئوتتۇرا شىنجاڭ سىنىپىنى تەسىس قىلىپ بىزدەك نامرات دېھقان پەرزەنتلىرى ئۈچۈن تېپىلغۇسىز شارائىت يارىتىپ بەردى. دۆلەتىمىز شارائىتنى يارىتىپ بەردى، ئەمدى چايناپ ئىزىپ ئىچۈرۈپ قويۇشنىڭ ئورنى يوق، شۇڭا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ بۇ ئەۋزەل شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىش ياكى پايدىلىنالماسلىق يەنىلا بىزنىڭ ئۆزىمىزگە قاراشلىق.

ئىچكىرى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا تەمىنلەنگەن تاللاشقا بولىدىغان كەسپىنىڭ تاللاش پىرىنسىپى:

ئىچكىرى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار دۆلەتلىك بىر تۇتاش ئىمتىھانغا قاتنىششتا ئىچكىرىدىكى بارلىق شىنجاڭ سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلىرى ئوخشاش بىر ئىمتىھان قەغىزىدە ئىمتىھان بەرمەيدۇ، ئەكسىچە قايسى ئۆلكىدە تولۇق ئوتتۇرا ئوقۇغان بولسا شۇ ئۆلكىنىڭ ئىمتىھان قەغىزىگە ئىمتىھان بېرىدۇ. لېكىن ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىش ئۆلچەم نومۇرى ئوخشاش بولىدۇ. ئۇلار ئاساسەن 5-ئايدا ئارزۇ تولدۇرۇپ 5-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن بۇرۇن ئارزۇ تولدۇرۇش جەدۋىلىنى تاپشۇرۇپ بولىدۇ ھەمدە 6-ئايدا ئىمتىھانغا قاتنىشىدۇ، يەنى بىر ئاي بۇرۇن ئارزۇ تولدۇرىدۇ. ئارزۇ تولدۇرۇشتا دۆلەتلىك مائارىپ سىستېمىسى بەلگىلەپ بەرگەن مەكتەپنىڭ بەلگىلەنگەن كەسپىنى تاللايدۇ، بەلگىلەنمىگەن كەسپىنى تاللاشقا يول قويۇلمايدۇ. بېيجىڭ پېداگوگىكا ئونۋېرسىتېتى، شەرقىي جوڭگو (خۋادۇڭ) پېداگوگىكا ئونۋېرسىتېتى، ئوتتۇرا جوڭگو (خۋاجۇڭ) پېداگوگىكا ئونۋېرسىتېتى، شەنشى پېداگوگىكا ئونۋېرسىتېتى، شىنەن پېداگوگىكا ئونۋېرسىتېتى(ھازىر ئىسمى

شىنەن ئونۋېرسىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.) شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئونۋېرسىتېتى(بۇ ئونۋېرسىتېتلار 2006-يىلى مەن ئىمتىھانغا قاتناشقاندا مۇشۇلارلا بار ئىدى، هازىر كۆپەيدىمۇ يوق بىلمەيمەن.) قاتارلىق ئونۋېرسىتېتلارغا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپنىمۇ ھەقسىز ئوقۇش پۇرسىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

شۇڭا پات يېقىندا ئارزۇ تولدۇرۇش ئالدىدا تۇرغان ئاشۇ بىزنىڭ ئىزباسارىمىز بولغان ئىنى-سىڭىللىرىمىزنىڭ مۇشۇ ئەۋزەل شارائىتنىڭ بىرى بولغان ئالىي مەكتەپ ئارزۇ تولدۇرۇش ئىشى ئۈچۈن ئازتولا پايدىلىنىش ئۈچۈرى بولۇپ قالار دەپ بۇ يازمىنى يوللىدىم. تۆۋەندە ئىچكىرى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىدىكى ئارزۇ تولدۇرماقچى بولغان ئوقۇغۇچىلاردا بىرقەدەر كۆپ ساقلىنىدىغان خاتالىقلار ئۈستىدە ئۆز كۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتەي.

ئارزۇ تولدۇرۇشتىكى بىر قانچە خاتالىقلار:

1. ئارزۇ تولدۇرماقچى بولغان ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ياخشى چۈشەنمەيدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئارزۇ تولدرۇغاندا ساقلىنىدىغان ئەڭ چوڭ خاتالىق ئوقۇغۇچىلار پەقەت ئالىي مەكتەپنىڭ دەرىجىسىگىلا قاراپ، باشقا شارائىتلارنى ئويلاشمايلا ئارزۇ تولدۇرۇشتەك ئېغىر خاتالىقلارنى سادىر قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار پەقەت مەكتەپنىڭ دەرىجىسىگىلا قاراپ، مەكتەپ تەمىنلىگەن تاللاشقا بولىدىغان كەسپىنى ئويلاشمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بەزى مەكتەپلەرنىڭ گەرچە دەرىجىسى ئالدىدا بولسىمۇ لېكىن تاللاشقا تەمىنلىگەن كەسىپ(ئىچكىرى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ھەرگىزمۇ

دۆلەتلىك مائارىپ ئىدارىسى بەلگىلەپ بەرگەن مەكتەپلەردىكى بارلىق كەسىپنى تاللاش هوقۇقى يوق، پەقەت بەلگىلەپ بېرىلگەن مەكتەپنىڭ بەلگىلەنگەن كەسىپنى تاللىيالايدۇ. شۇڭا بۇ نوقتا چۇقۇم كاللىڭىزدا ئايدىڭ بولۇشى كېرەك.)نىڭ قانداقلىقى بىلەن ئويلاشمايدۇ. يەنى بۇ يەردە مۇنداق بىر خاتالىق كۆرۈلىشى مۇمكىن. بەزى مەكتەپلەرنىڭ ئونۋېرسال دەرىجىسى ئالدىدا بولسىمۇ لېكىن ئىچكىرى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاللىشىغا تەمىنلەپ بېرىلگەن كەسىپ ئالدىدا بولماسلىقى مۇمكىن ھەمدە شۇنىڭدەك بەزى مەكتەپلەرنىڭ گەرچە دەرىجىسى ئالدىدا بولمىسىمۇ لېكىن ئىچكىرى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاللىشى ئۈچۈن تەمىنلەنگەن كەسىپ بىر قەدەر ياخشى بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا سىزگە ئېيتىدىغىنىم، ھەرگىزمۇ مەكتەپنىڭ دەرىجىسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ كەتمەڭ. چۇقۇم ئەمىلىيەتنى چىقىش قىلغان ئاساستا ئۆزىڭىزنىڭ ئەمىلي ئەھۋالىغا قاراپ ئارزۇ تولدۇرسىڭىز بولىدۇ.(بۇ يەردە بۇ خەتنى ئاشۇ ئىچكىرى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆرۈشى ناتايىن بىراق ئاشۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا-ئانىسى ياكى باشقا ئۇرۇق تۇققانلىرى كۆرۈشى مۇمكىن شۇڭا كۆرگەنلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈپ قويۇشىنى شۇ ئارقىلىق ئاشۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەلگۈسىنى توغرا بەلگىلىشى ئۈچۈن پايدىلىنىش ئۈچۈرى تەمىنلەپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمىز.)

2. ئۆزىگە تولۇق ئىشەنچ قىلالماسلىق. ھەممىمىزگە ئايان، چىڭخۇا ئونۋېرسىتېتى، بېيجىڭ ئونۋېرسىتېتى ۋە بېيجىڭ پېداگوكىكا ئونۋېرسىتېتى قاتارلىق مەكتەپلەر دۆلىتىمىزدىكى ئالدىنقى قاتاردىكى مەكتەپلەر، ھەمدە

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن مەكتەپلەرمۇ بار. بۇ يەردە يېڭى ئارزۇ تولدۇرغان ئوقۇغۇچىلاردا ساقلىنىدىغان مەسىلە مەكتەپنىڭ دەرىجىسىنى بىر كۆرۈپلا بىر بولسا ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا سەل قاراپ ئالدىنقى قاتاردىكى مەكتەپلەرنى تاللاشقا جۈرئەت قىلالماي ئۆزىچە بەزى ئانچە ياخشى بولمىغان مەكتەپلەرنى تاللاپ قويىدىغان ياكى ئۆزىگە بەك ئىشىنىپ كەتكەچكە دەرىجىنى چوڭ تاللاپ قويىدىغان مەسىلە ساقلىنىدۇ. ياكى شۇ ئوقۇغۇچىلار پەقەت مەكتەپنىڭ دەرىجىسىگىلا قاراپ كەتكەندە بىرىنچىدىن ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا سەل قاراپ مۇۋاپىق مەكتەپنى تاللىيالماسلىقى ياكى ئىقتىدارىغا ئارتۇقچە ئىشىنىپ مەكتەپنى بەك چوڭ تاللىۋېتىپ مەغلۇب بولىشى مۇمكىن. شۇڭا ئۆزىڭىزنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىنى ئوبدان دەڭسەپ بولۇپ ئاندىن مۇۋاپىق مەكتەپ تاللىشىڭىزغا تىلەكداشىم.

3. مەكتەپ پۇلىدىن ئارتۇقچە ئەنسىرەپ كېتىش. ھەممىمىزگە ئايان شىنجاڭدىكى ئاشۇ يېزا-قىشلاقلاردا تۇرمۇش كەچۈرىۋاتقان دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ كىرىمى دېگۈدەك يۇقىرى ئەمەس، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنى مەكتەپ پۇلىنى قانداق تۆلەش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. بۇ دەل مېنىڭ ئەينى ۋاقىتتا سادىر قىلغان ئەڭ چوڭ خاتالىقىم. شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىنى-سىڭىللارنىڭ ئوخشاش خاتالىق سادىر قىلماسلىقى ئۈچۈن مەزكۇر يازمىنى ئالاھىدە يېزىپ ئولتۇرۇپتىمەن. بەلكىم كۆپچىلىكمۇ بىلىدىغانسىلەر، دۆلىتىمىز ھەر يىلى ئىچكىرى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىدىن ئىمتىھانغا قاتناشقان ئوقۇغۇچىلاردىن مەلۇم ساندا تاللاپ يەنە ئالىي مەكتەپنىمۇ ھەقسىز ئوقۇتۇش شارائىتىنى ھازىرلاپ بەردى، بۇ يەردە

ئېيتىلىۋاتقان شارائىت دەل پېداگوگىكا ئونىۋېرسىتلىرىدىن بولغان بېيجىڭ پېداگوگىكا ئونىۋېرسىتېتى، شەرقىي جوڭگو (خۇادۇڭ) پېداگوگىكا ئونىۋېرسىتېتى، ئوتتۇرا جوڭگو (خۇاجوڭ) پېداگوگىكا ئونىۋېرسىتېتى، شەنشى پېداگوگىكا ئونىۋېرسىتېتى، شىنەن پېداگوگىكا ئونىۋېرسىتېتى(هازىر ئىسمى شىنەن ئونىۋېرسىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.) شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئونىۋېرسىتېتى(بۇ ئونىۋېرسىتېتلار 2006-يىلى ئىمتىھانغا قاتناشقاندا مۇشۇلارلا بار ئىدى، هازىر كۆپەيدىمۇ يوق بىلمەيمەن.) قاتارلىق ئونىۋېرسىتېتلارغا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپنىمۇ ھەقسىز ئوقۇش پۇرسىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئەمما بۇ يەردىمۇ بىر خاتالىق سادىر قىلىش مەسىلىسى مەۋجۇت بولۇپمۇ بۇ بىر قەدەر يۇقىرى بولغان خاتالىق سادىر قىلىش نوقتىسى. بىز ھەممىمىز ھەقسىز دېسە ئەلۋەتتە بۇنداق شارائىتنى قولدىن بېرىشنى خالىمايمىز. يۇقارقى مەكتەپلەرنىڭ ئالىدىغان سانى چەكلىك، مەن ئىمتىھان بەرگەندە يۇقارقى ئالتە مەكتەپكە بىز پۈتۈن شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىدىن 2006-يىلى دۆلەتلىك بىر تۇتاش ئىمتىھانغا قاتناشقان 1500 گە يېقىن ئوقۇغۇچىغا بېرىلگەن سان ئاران 100 نەپەر ئىدى(هازىر قانچە ئىكەنلىكى ماڭا نامەلۇم، لېكىن بىر نوقتا ماڭا مەلۇم، يەنى بۇيىل دۆلەتلىك بىر تۇتاش ئىمتىھانغا قاتنىشىدىغان شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى 4000 غا يېتىدۇ.) شۇڭا بۇ سانغا كىرىشتە رىقابەت بەك كۈچلۈك، بۇ سانغا كىرىش ئۈچۈن سىز دەرستە ياخشى بولۇپ دۆلەتلىك بىر تۇتاش ئىمتىھاندىن ياخشى نومۇر ئالسىڭىزلا بۇ سانغا كىرەلەيسىز. شۇڭا بۇ ساننى مەيلى نامرات بولسۇن ياكى باي بولسۇن تالىشىدىغانلار ناھايىتى كۆپ، چۈنكى بۇ سانغا كىرگەنلا ئادەم 4 يىللىق ئالىي مەكتەپ هاياتىنى بىر پۈڭ

تاپشۇرماي ئەكسىچە مەكتەپنىڭ هەر ئايلىق تارقاتقان تۈرمۈش پۇلى(ئىلگىرى ئۇقۇغۇچىلارغا تارقىتىدىغان تۈرمۈش پۇلى هەر ئايلىقى 478 يۈەن ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىدىم، هازىر قانچە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم.) بىلەن خاتىرجەم ئۆتكۈزىدۇ. بۇ يەردە بەزى ئائىلە شارائىتى ياخشى بولغان ئوقۇغۇچىلار دەرستە ياخشى بولسا قورقمايلا بوسانغا كىرىشكە ئىنتىلىدۇ. ئەمما مەسىلە ئاشۇ ئائىلە شارائىتى ناچار ئوقۇغۇچىلاردا، ئۇلار بەلكىم دەرستە ئانچە ياخشى بولماي قىلىشى ياكى ئۆزىگە تولۇق ئىشەنچ قىلالماسلىق سەۋەبلىك مەكتەپ ئوقۇش پۇلىدىن ئەنسىرەپ مەجبۇرى هالدا ئۆز قىزىقىشىنى تاشلاپ يۇقارقى مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى تاللىشى مۇمكىن،( بۇ دەل مېنىڭ ئەينى ۋاقىتتا سادىر قىلغان ئۆمرۈمدىكى ئەڭ چوڭ خاتالىقىم.) بىراق مەجبۇرى تاللىغانلىق سەۋەبىدىن بىرى شاللىنىپ كېتىش مەسىلىسى كېلىپ چىقىشى مۇمكىن، يەنە بىرى شاللانمىغان تەقدىردىمۇ ئالىي مەكتەپتە ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى قىيىنچىلىقتا دۇچ كېلىشى مۇمكىن. شۇڭا گەپنى يىغىپ ئېيتساق سىز هەرگىزمۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇش پۇلىدىن ئارتۇقچە ئەنسىرەپ كەتمەڭ. هازىر دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىتى ياخشى مەيلى سىز يۇقارقى ئالتە مەكتەپتىن باشقا مەكتەپلەرگە ئۆتۈڭ، يەنىلا مەكتەپلەرنىڭ سىزگە تەمىنلەپ بەرگەن هەرخىل ياردەم پۇلىدىن بەهرىمەن بولالايسىز. ئەلۋەتتە بۇ سىزنى ئاشۇ ياردەم پۇلىدىن بەهرىمەن بولۇش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇش تۇتالماسلىقىڭىزغا باغلىق. چۈنكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا تەمىنلەيدىغان ياردەم پۇلى مەيلى سىز بەهرىمەن بولۇڭ ياكى بولالماڭ يەنىلا ئوخشاش ئىلىپ بېرىلىۋېرىدۇ (بۇ يەردە ئالاهىدە تەكىتلەيدىغىنىم سىز ئالىي مەكتەپكە چىققان بىرىنچى يىلدىن

پايدىلىنىپ «ئالىي مەكتەپتە زادى نېمە ئۆگىنىش كېرەك؟(读大学究竟读什么？)» دېگەن كىتابنى تولۇق ئوقۇپ چىقىشىڭىزنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمەن، ئەگەر خەنزۇچىنى ئوقۇمايتتىم دېسىڭىز بۇ كىتابنى بىزنىڭ ئەلسۆي تەرجىمە گۇرۇپپىسى تەرجىمە قىلىپ ئىلقۇت بلوگىدا تارقىتىۋاتىدۇ، شۇنى كۆرسىڭىزمۇ بولىدۇ، يەنە بىر تەۋسىيە قىلىدىغان ماتىرىيال دوكتۇر لى كەيفۇنىڭ «جوڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارغا يېزىلغان خەت (写给中国学生的信)» نى چوقۇم ئوقۇپ چىقىشىڭىزنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمەن، بۇ ماتىرىيال جەمئىي 7 پارچە، ھەجىم جەھەتتىن ئىككى يۈز بەتلىك كىتابتىن قېلىشمايدۇ، بۇ ماتىرىيالنىمۇ ئەلسۆي تەرجىمە گۇرۇپپىسى ئاللىبۇرۇن تەرجىمە قىلىپ توردا تارقاتتى ھەم ئېلكىتابىنىمۇ تارقاتتى، ئىلقۇت بلوگىدىن مەزكۇر تەرجىمە ماتىرىياللىرىنى تاپالايسىز--- قايتا تولۇقلاندى-ي.م.ئىلقۇت) سىز بەھرىمەن بولۇش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويسىڭىز باشقىلار سىزنىڭ ئورنىڭىزدا ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولىدۇ. شۇڭا بۇنداق شارائىتتىن قانداق پايدىلىنىش ئۆزىڭىزگە باغلىق.

شۇڭا يەنە بىر قېتىم تەكىتلەيدىغىنىم، ھەرگىزمۇ پۇلنىڭ كۆزىگە بەك قاراپ كەتمەي، ئۆزىڭىز ياخشى كۆرگەن مەكتەپنىڭ ئۆزىنىڭ قىزىققان كەسپىنى خاتىرجەم تاللىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن. ھەرگىز ئالىي مەكتەپكە چىقىپ بولۇپ پۇشايمەن قىلماسلىقىڭىزغا تىلەكداشمەن.

(2)

ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن يۈز بېرىدىغان

بىر قانچە مەسىلە:

1. تەرتىپسىزلىك هالىتى ئېغىر. تۇلۇق ئوتتۇرىدا مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارغا بولغان باشقۇرۇش چىڭ بولغانلىقتىن، ئوقۇغۇچىلار ئاساسەن ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ بارالمايدۇ، يەنى تۇلۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ پائالىيەت چەمبىرىكى مۇنداق بىر ئۈچبۇلۇڭ، ياتاق —— ئاشخانا —— سىنىپتىن ئىبارەت ئۈچبۇلۇڭنى هاسىل قىلغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ شۇغۇللىنىدىغىنى پەقەت ئەتىگىنى ئەتىگەن(ئادەتتە نورمال ئەهۋالدا مەكتەپنىڭ ۋاقىت تەرتىپى ئەتىگەن سائەت 5:30 ياكى 6:00) دە ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتىگەنلىك گىمناستىكىغا قاتنىشىش، ئاندىن كېيىن ئاشخانىغا كىرىپ ئەتىگەنلىك تاماق يېيىشىش، ئاندىن كېيىن ئۇدۇللا سىنىپقا چېپىشتىن ئىبارەت. دىققەت بۇيەردە گەرچە مەكتەپنىڭ ۋاقىت تەرتىپى سائەت 5:30 ياكى 6:00 بولسىمۇ لېكىن ئادەتتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى سائەت 5:00 تىن باشلاپ، بەزىلىرى هەتتا سائەت 4:00 تىن باشلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىش ئەهۋاللىرى بىر قەدەر ئۇمۇملىشىپ كەتكەن. نىمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى بىرىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇقى كۆپ، ئالدىنقى ئاخشىمى ئىشلەپ بۇلالمىغان تاپشۇرۇقلارنى ئەتىسى ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ تۇلۇقلاپ ئىشلىمىسە بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن ئوقۇغۇچىلار يادلاشقا تېگىشلىك مەزمۇنلار كۆپ شۇڭا ئەتىگەن تۇرۇپ يادلىمىسا بولمايدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ ئەتىگەنلىك دەرس باشلانغان بولۇپ، چۈشلىكى ئادەتتىكى ئەهۋالدا مەكتەپنىڭ ۋاقىت تەرتىپى 2 سائەت دەم ئېلىش بولسىمۇ لېكىن سىز كۆزىتىدىغان بولسىڭىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ يەنىلا ئامال بار يېرىم سائەتتە تاماقنى يەپ بولۇپ هەممىسىنىڭ دېگۈدەك سىنىپقا كىرىپ رەتلىك ئولتۇرۇپ تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. كەچلىكىمۇ ئاساسەن مەكتەپنىڭ

ۋاقىت تەرتىپى بۇيىچە 2 سائەت دەم ئېلىش بولسىمۇ لېكىن سىز يەنىلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ پەقەت يېرىم سائەت ۋاقىت سەرپ قىلىپ تاماق يەپ بولۇپ بىردەك سىنىپقا كىرىپ تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقانلىقىنى ياكى مەيداندا كىتاب يادلاۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيسىز.( يۇقىرىقى ۋاقىت تەرتىپ بەلكىم ھەرقايسى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىنى ئاچقان ئۆلكە ۋە شەھەرلەرنى ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن، مەن پەقەت ئۆزۈم ئوقۇغان جىياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇشى شەھىرىدىكى مەكتەپنى مىسال قىلىپ سۆزلىدىم، شۇڭا چۇقۇم يۇقىرىقىدەك بولىدۇ دېگەن گەپ ئەمەس، لېكىن شۇنداق چىڭ بولىدىغانلىقى ئېنىق، پەقەت ۋاقىت ئالدى كېيىنلىك تەرتىپى ئوخشىماسلىقى مۇمكىن.)

مۇنداقچە قىلىپ مەزمۇننى يىغىنچاقلىساق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر كۈنلۈك پائالىيىتى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ: ئەتىگەن سائەت 5:30 ياكى 6:00 ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتىگەنلىك گىمناستىكىغا چىقىش، يېرىم سائەتتىن بىر سائەتكىچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ تامىقىنى يەپ بولۇش(دىققەت، ئاشخانىنىڭ ۋاقىت بەلگىلىمىسى بولغاچقا تاماقنى ۋاختىدا يەپ بولالمىسىڭىز ئاشخانا تاقىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن چۈش بولغىچە ئاچ قالىسىز) ئەتىگەن سائەت 6 يېرىمدا سىنىپقا چىقىپ بولۇش، چۈشتە سائەت 11 يېرىم ياكى 12 دە دەرستىن چۈشۈپ يەنە يېرىم سائەت ياكى 1 سائەت ئىچىدە تاماق يەپ بولۇش چۈشتە سائەت 1:00 ياكى 1:30 دا سىنىپقا كىرىپ بولۇش، چۈشتىن كېيىن سائەت 5:00 ياكى 5:30 دا تاماققا چىقىش ۋە يەنىلا يېرىم سائەت ياكى 1 سائەتتە تاماق يەپ بولۇش كەچ سائەت 6:30 دا سىنىپقا كىرىپ كەچلىك مۇزاكىرىگە قاتنىشىش، سائەت 9:30

دا ياكى 10:00دا كەچلىك مۇزاكىرىدىن چۇشۇپ ياتاققا قايتىپ ئۇخلاش( بۇ ۋاقىتتا كۆپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ يەنىلا ياتاقتا ئالدىراش تاپشۇرۇق ئىشلەش ئەھۋالى ئېغىر) بولىدۇ. (بۇ مەزمۇنلار پەقەت شىنجاڭدىكىلەرنى ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىدىن ئازتولا خەۋەردار قىلىش مەقسىتىدە يوللاندى باشقىچە چۈشەنمەسلىكىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن.) يەنى يۇقىرىدا ئېيتقان ياتاق ـــــ ئاشخانا ـــــ سىنىپتىن ئىبارەت ئۈچبۇلۇڭ مۇشۇنداق هاسىل بولغان بولۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسەن ئەركىن پائالىيەت ۋاختى يوق دېيەرلىك.




شۇڭا يۇقىرىقى چۈشەندۇرۇشتىن تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپ ھەقىقەتەنمۇ چىڭ تۇتىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئوقۇغۇچىلار پەقەت ياتاق ـــــ ئاشخانا ـــــ سىنىپتىن ئىبارەت ئۈچبۇلۇڭنى مەركەز قىلىپ كۆن ئۆتكۈزىدىغان بولغاچقا تولۇق ئوتتۇرا هاياتى ناهايىتى ئالدىراش هەم بېسىم بىلەن ئۆتىدۇ. ئەمما بۇ ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپكە چىققان هامان ئالىي مەكتەپنىڭ بىردىنلا بوش ئىكەنلىكىنى هېس قىلىپ

ئۆزىنى قوغداۋېتىشى، شۇ قوغداۋەتكەنچە ئۆزىنى تۇتىۋالالماي دەرستە يىتىشەلمەسلىكى مۇمكىن. شۇڭا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ناهايىتى يۇقىرى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

2. ئالىي مەكتەپتە ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش ئەھۋاللىرى ئېغىر.(بۇ خىل ئەھۋال هازىرغىچە تېخى شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلاردا كۆرۈلگىنىنى ئاڭلاپ باقمىدىم، لېكىن ئىچكىرىدىكى ئوقۇغۇچىلاردا دائىم مۇشۇنداق ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. ھەتتا مەن ئالىي مەكتەپكە يېڭى چىققاندا سىياسەت دەرس ۋاقتىدا مۇئەللىمنىڭ مۇنداق سۆزىنى ئاڭلاپ هەيران قالغانمەن. سىياسەت دەرسى بەرگۈچى مۇئەللىم مۇنداق دەيدۇ: «ئاخشام ئۇلتۇرسام بىر ساۋاقداش ”مۇئەللىم سىنىپىمىزدا بىر ئوقۇغۇچى بىنادىن سەكرەپ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى.“ دەيدۇ، مەن ئۇنىڭغا "بۇ ناهايىتى نورمال ئەھۋال." دەپ جاۋاپ بەردىم. سىلەرگە دېسەم بىزنىڭ بۇ مەكتەپتە 30 مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچى ياشايدۇ، بۇنداق كۆپ ئادەمدىن بىر كۈندە بىرەر ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى نورمال ئىش. » مەن بۇنى ئاڭلاپ ناهايىتى هەيران قالغان ئىدىم. ئەمىلىيەتتە مۇئەللىم تىلغا ئالغان ئوقۇغۇچى بىزنىڭ ياتاق بىناغا قوشنا بىنادىن سەكرەپ ئۆلىۋاپتىكەن، بىز بۇنى بىلمەي ئۆتۈپتۇق. شۇڭا ئالىي مەكتەپتە ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش ئەھۋالى يەنىلا مەۋجۇت. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى: تۇلۇق ئوتتۇرا هاياتى ناهايىتى ئالدىراش هەم بېسىم بىلەن ئۆتكەن ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپكە چىققان هامان ئالىي مەكتەپنىڭ بىردىنلا بوش ئىكەنلىكىنى هېس قىلىپ ئۆزىنى قويىۋېتىشى، شۇ قويۋەتكەنچە ئۆزىنى تۇتىۋالالماي دەرستە يىتىشەلمەسلىكى سەۋەبىدىن بولىدۇ. شۇڭا پەرزەنتىڭىزنىڭ بۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىڭىز

كېرەك.

3. ئىشلار ئۆزى ئويلىغاندەك بولماسلىق. ئوقۇغۇچىلار بەلكىم ئارزۇ تاللىغاندا بەزى كەسىپلەرنىڭ ئىسمىنى كۆرۈپلا بىر قىېتىملىق قىزىقىش بىلەن كۆپ ئويلانمايلا تاللاپ قويۇپ ئالىي مەكتەپكە چىققاندا بولسا تاللىغان كەسپىنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك ئەمەسلىكىنى بايقاپ، ئۆزىنىڭ ئارزۇنى خاتا تاللاپ قويغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ، ئۆگىنىشكە ئۆزىنى قاراتماي، مىڭ تەستە كەلگەن پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە كەسىپ ئىسمى بىلەن ئۆگەنگەن دەرس ماس بولماسلىق دېگىنىمىز، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ خاراكتىرى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى مەكتەپلەر تەبئىي پەننى ئاساس قىلغان بولىدۇ، بەزى مەكتەپلەر ئىجتىمائىي پەننى ئاساس قىلغان بولىدۇ. ھەممە بۇ مەكتەپلەردە بەزى كەسىپلەرنىڭ ئىسمى ئوخشاش بولسىمۇ لېكىن تەرەققىيات يۆنىلىشى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن بەزى ئىجتىمائىي پەننى ئاساس قىلغان مەكتەپلەرمۇ كومپيۇتېرغا ئائىت بولغان ئۇچۇر تېخنىكىسى كەسپىنى ئاچقان بولۇپ بۇ كەسىپلەرنى باشقا تەبئىي پەننى ئاساس قىلغان مەكتەپلەرمۇ ئاچقان بولىدۇ، ئەمما بۇ ئىككى خىل خاراكتېردىكى مەكتەپلەرنىڭ ئۆتىدىغان دەرسلىكىنىڭ سالمىقى ئوخشىمايدۇ. شۇڭا ھەرگىزمۇ كەسپىنىڭ ئىسمىغا قاراپلا يېنىكلىك بىلەن كەسىپ تاللاشتىن ساقلىنىش كېرەك.

مەسىلەن، سىز تور ئىزدەش ماتورىدىن «ئۇچۇر باشقۇرۇش ۋە ئۇچۇر سىستېمىسى (信息管理与信息系统)» دەپ ئىزدىسىڭىز بۇ كەسپنى بەزى مەكتەپلەر تەبئىي پەننى ئاساس قىلغان فاكولتېتلاردا ئاچقان بولسا، بىزنىڭ

مەكتەپكە ئوخشاش مەكتەپلەر بولسا ئىجدىمائىي پەننى ئاساس قىلغان فاكولتىتدا تەسىس قىلغان (بىزنىڭ مەكتەپتە بۇ كەسىپ باشقۇرۇش فاكولتىتىدا)، بۇ ئىككى خىل خاراكتىردىكى فاكولتىتدا ئۆتۈلىدىغان دەرس ۋە فاكولتىتنىڭ تەلىپى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا ئەمىلىيەتنى ئاساس قىلغان هالدا ئىش كۆرۈڭ.

(3)

ئەسسالام كەڭ تورداشلار،

مەن بۇ يازمىنى ئالدىنقى قېتىم ئىككى پارچە يازغان ئىدى، لېكىن يېزىپ بولۇپ دىيارىم تورى، سەلكىن تورى قاتارلىق توردا ئېلان قىلغاندىن كېيىن كۆپ ساندىكى تورداشلار مەزكۇر يازمىنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى خاتا چۈشىنىۋالغان چېغى سەل قالايمىقان ئىنكاس قالدۇرۇپتىكەن، شۇڭا مەن بۇ يازمىنى قايتا داۋاملاشتۇرۇشتىن يالتىيىپ قالغان ئىدىم. لېكىن ئىلقۇت بلوگىدا بەزى تورداشلار ئالاھىدە تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالغان بولغاچقا يەنە قايتا يېزىشقا مەجبۇرى بولۇپ قالدىم.

مەن ئالدىنقى قېتىم بۇ يازمىنى يېزىپ بولۇپ، دىيارىمدىكى ئاشۇ تورداشلارنىڭ ئىنكاسىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆزۈمگە «قانداق قىلىمەن بۇنداق چۈشەنمىگەن خەقكە ۋاقتىمنى ئىسراپ قىلىپ مۇشۇنداق ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەپ.» دەپ ئويلاپ كېيىن قايتا يازماسلىق قارارىغا كەلگەن ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈندىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان ئەمما يازالمىغان ئۆزۈمنىڭ تۇنجى ئەسىرى«هايات چاقچىقى»ناملىق ئەسەرنى يېزىشقا كىرىشىپ كەتكەن ئىدىم، هازىر ئالدىراش شۇنى يېزىۋاتىمەن، ئىلگىرى مۇۋاپىق تىما تاپالمىغان

بولغاچقا قەلەم باشلىيالمىغان ئىدىم، بۇ مېنىڭ تۇنجى ئەدەبىي ئەسىرىم بولۇپ قالىدۇ. ئاللاھ خالىسا بۇ ئەسەر پات-ئارىدا تورداشلار بىلەن يۈز كۆرۈشكۈسى. شۇڭا يېقىندىن بىرى بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتىم. بۈگۈن دەرستىن چۈشۈپ ئىلقۇت بلوگىغا قارىسام كارۋان ئىسىملىك بىر تورداش مېنىڭ مۇشۇ يازمىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئاشۇ نىشانى غۇۋا بولغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن يول كۆرسىتىشىم ھەققىدە تەلەپ قىلىپ ئىنكاس قالدۇرۇپتۇ. ئەمەلىيەتتىنغۇ مېنىڭ ئۇنچە يۇقىرى قابىلىيىتىممۇ يوق، پەقەت ئۆزۈم 7 يىلدىن بىرى ئىچكىرىدە ئوقۇش جەريانىدا كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىم ۋە ئويلىغانلىرىمنى سۆزلەپ بېرەلەيمەن خالاس، شۇڭا تورداشلارنىڭ قىزىقساڭلار كۆرۈپ، قىزىقمىساڭلار دىققەت ئېتىبارىڭلارنى بۇ يەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ ۋاقتىڭلارنى ئىسراپ قىلىپ ئولتۇرماسلىقىڭلارنى ۋە قالايمىقان پىكىر قىلماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

كارۋان ئەپەندىگە:

ئىنكاسىڭىزنى كۆرۈپ خېلى روھلىنىپ قالدىم، مەن سىزنى قانداقسىگە ئۇنتۇپ قالاي، ھېلىمۇ ئېسىمدە.

بىراق يازما ئىشىغا كەلسەك، ھازىر مېنىڭچە بۇ يازمىنى يېزىش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتىغۇ دەيمەن. ئىچكىرىدىكى باللار ئاساسەن ئارزۇ تاللاش نىشانىنى بەلگىلەپ بولدىغۇ دەيمەن. بولىدۇ مەن ئازراق ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەي، لېكىن بۇ ئۇچۇرلار ئالىلىبۇرۇن قىممىتىنى يۇقاتقان بولۇشى ياكى كېلەر يىلى ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن قىممىتى بولۇپ قالار، ئەسلى مەن شۇنداق بىر يازما ئارقىلىق ئاشۇ نىشانى ئېنىق بولمىغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن ئاز تولا ئىش قىلىپ بېرەي دىگەن، لېكىن مەزكۇر يازمامنى دىيارىم توردا ئېلان قىلغاندىن كېيىن بەزى كىشىلەرنىڭ يازما مەزمۇنىنى خاتا چۈشىنىۋالغانلىقىنى

كۆرۈپ چىقىرىۋەتكەن ۋە يېزىشتىن يالتىيىپ قالغان ئىدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن بىر ئەسەر يېزىشقا تۇتۇش قىلىپ قالغان ئىدىم، هازىر ئالدىراش شۇ ئەسەرنى يېزىش بىلەن بەند بولۇپ كەتتىم.

مەن شۇنداق بولسىمۇ ئۈمىدىڭىزنى يەردە قويماي، ئازراق يازما بىلەن تەمىنلەي، بەلكىم، ئانچە قىممىتى بولماسلىقى مۇمكىن، ئەگەر تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرغا ئىگە بولماقچى بولسىڭىز مېنىڭ ئېلخېتىمگە خەت قالدۇرۇڭ، مەن سىزگە تېلېفون نومۇرىمنى دەپ بېرەي، شۇ چاغدا تېلېفون قىلسىڭىز مەن ئۆزۈم بىلىدىغان بارلىق ئۇچۇرلارنى سىزگە ئايرىم سۆزلەپ بېرەي.

ئېلخەت: ilqut@qq.com (دىققەت، مەزكۇر يازما بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن يېزىلغان، هازىر ئەسلى هالىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بۇ مەزمۇننىمۇ قىستۇرۇپ قويدۇم---ي.م.ئىلقۇت)

ئالدىنقى قېتىم دېگىنىمدەك، ئارزۇ تولدۇرۇشتا هەرگىزمۇ كەسپىنىڭ ئىسمىغا ئالدىنىپ ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قالىدىغان ئىش قىلماڭ. بۇ هەقتە ئالدىنقى قېتىم خېلى تەپسىلىي توختالغان، بۇ يەردە قايتا تەكرارلانمايدۇ.

تۆۋەندە توختالماقچى بولغىنىم:

ئەڭ مۇهىم بولغان نوقتا ئوقۇش پۇلى هەققىدە توختىلىمىز. هەممىمىزگە ئايان گەرچە تۆلۈق ئوتتۇرا(ئىچكىرى شىنجاڭ سىنىپى)نى هەقسىز(ئەلۋەتتە، ئاز بىر قىسىم ئائىلە ئەهۋالى ياخشىراق ساۋاقداشلار ئازراق هەق تۆلەيدۇ.) ئوقۇغان بولساقمۇ لېكىن ئالىي مەكتەپ ئۇنداق ئەمەس، ئالىي مەكتەپ ئۈچۈن ئوقۇش پۇلى تاپشۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ هەم بۇ هەق بىزدەك ئاشۇ نامراق ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئاسان ئىش ئەمەس هەم ئەڭ باش ئاغرىتىدىغان ئىش. بىراق سىز ئوقۇش پۇلىنىڭ ئىشىنى ئاڭلاپلا خۇدىڭىزنى يوقىتىپ قويماڭ، ئۈمىدۋار

بولۇلۇق.

سىزگە بىر ئۇچۇرنى سۆزلەپ بېرەي، ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى مەكتەپلەردىن پەرقلىنىدىغان ئەڭ چوڭ بىر ئالاھىدىلىكى ئۇلار ھەرگىزمۇ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى(ئاشۇ ئانا دىيارىمىزدىكى) مەكتەپلەردەك پۇل تاپشۇرۇشنى سۈيلىگەن ۋاقىتتا ئەگەر ۋاختىنچە تاپشۇرالمايمەن دېسىڭىز «ئۇنداق بولسا بىرىپ پادىڭىزنى بېقىڭ، بۇ يەردىگەن پۇلى بارلار ئوقۇيدىغان جاي»دەپ دەككىڭىزنى بەرمەيدۇ. مەن شىنجاڭدىكى بىر نەچچە ساۋاقداشلىرىمدىن ۋە باشقا دوستلىرىمدىن ئاڭلىغان. شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئەگەر ھال ئېيتىپ ئائىلە ئىقتىسادىم ياخشى ئەمەس ئىدى، دېسىڭىز ئاڭلايدىغىنىڭىز يۇقىرىقىدەك سۆزلەر «پۇلىڭىز بولسا ئوقۇڭ، پۇلىڭىز بولمىسا يولىڭىزغا راۋان بولۇڭ، بۇ يەر دىگەن پۇلى بارلار ئوقۇيدىغان جاي، سىزگە خەير-خاھلىق قىلىدىغان ساخاۋەت ئورنى ئەمەس.»، «پۇل تاپشۇرالمىسىڭىز بىرىپ ئانىڭىزنىڭ ئۇچىقىغا ئوت قالاڭ، بۇ يەردە سىزگە ھېچ نەرسە يوق.»...

قاراڭ ئۇلارنىڭ (ئاشۇ بىزنىڭ ئەزىز دىيارىمىزدىكىلەرنىڭ) سىزگە قىلغان «چىرايلىق»سۆزلىرىنى؟ بۇنىڭغا نىمە دىگۈلۈك؟ ئەلۋەتتە دەردىڭىزنى ئىچىڭىزگە يۇتۇپ يولىڭىزغا راۋان بولىسىز شۇ.

لېكىن مەن سىزگە دېسەم ئەگەر سىز ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە تۇرمۇش يىتەكچى ئوقۇتقۇچىڭىز ياكى سىنىپ مەسئۇلىڭىزغا «ئائىلە ئەھۋالىم ياخشى ئەمەس ئىدى.» دەپ مۇۋاپىق ئىسپات كۆرسەتسىڭىز ھەم سەۋەبىڭىز پۇت دەسسەپ تۇرالىسا، ئۇلار سىزگە ھەرگىز ئاۋۇ قېرىنداشلىرىمىزگە

«چىرايلىق» سۆز قىلماستىن بەلكى «بولىدۇ، هازىرچە خاتىرجەم بولۇپ دەرسىڭىزنى ياخشى ئوقۇڭ، ئارتۇقچە ئويلىنىپ كەتمەڭ، چۇقۇم ھەل بولىدۇ.»، «ئۇنداقتا مەكتەپ بىلەن ئالاقىلىشىپ سىزگە ئۆسۈمسىز قەرز بىجىرىپ بېرەيلى، سىز ھەرگىز كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ»، «سىز بىر ئىلتىماس تەييارلاڭ، مەن سىزگە ياردەم پۇلى ھەل قىلىشقا تىرىشىپ باقاي، لېكىن سىز ھەرگىز ئارتۇقچە ئويلىنىپ ئوقۇشىڭىزغا تەسىر يەتكۈزمەڭ.»، « ھېچقىسى يوق، سىز ئاۋال باشقا ئىشلارنى ئويلىماي، دەرسىڭىزنى ياخشى ئوقۇڭ، مەكتەپ سىزنى پۇل تاپشۇرمىدىڭ دەپ ھەيدىۋەتمەيدۇ.» دەپ سىزگە قانداق قىلىش ھەققىدە ئىنىق يول كۆرسىتىدۇ.

شۇڭا سىزگە ئالاھىدە ئەسكەرتىدىغىنىم ھەرگىزمۇ پۇلنىڭ كۆزىگە قاراپ، ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قالىدىغان ئىش قىلماڭ. ئەگەر قىلىشنى خالىسىڭىز ئالىي مەكتەپلەردە دەرسىڭىزگە دەخلىي يەتكۈزمىگەن ئاساستا قىلىدىغان ھەرخىل پۇل تېپىش پۇرستى كۆپ. مەكتەپلەر مەخسۇس قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن تەمىنلىگەن پۇل تېپىش پۇرستى بىلەن تەمىنلەيدۇ، سىز مۇشۇلار ئارقىلىق ئۆزىڭىزنىڭ تۇرمۇش پۇلىڭىزنى تامامەن ھەل قىلالايسىز، ئەلۋەتتە بۇلار سىزنىڭ دەرسىڭىزگە دەخلى يەتكۈزمىگەن ئاساستا بولىدۇ. شۇڭا سىز ئاررۇنى ئۆزىڭىزنىڭ قىزىقىشى بويىچە خاتىرجەم تاللاۋېرىڭ، ھەرگىز پۇلنىڭ كۆزىگە قاراپ قالماڭ، بۇنى پەقەت سىز تىرىشسىڭىزلا ھەل قىلىپ كېتەلەيسىز.

يازمىنى مۇشۇنچىلىك يازاي، يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، مەن يېقىندا بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتىم، ئەگەر تېخىمۇ تەپسىلى ئۈچۈرغا ئىگە بولاتتىم دېسىڭىز ئېلخەتكە خەت قالدۇرۇڭ، مەن تېلىفون نومۇرۇمنى ئېيتىپ بەرسەم

تېلېفۇن قىلىسىڭىز بولىدۇ. مەن ھەرۋاقىت سىز ئۈچۈن ئەراپلىق مۇلازىمەت قىلىشقا تەييار، چۈنكى مەن ئەينى ۋاقىتتا يول كۆرسىتىدىغان كىشىلەرنىڭ بولماسلىقى بىلەن چوڭ خاتالىقلارنى سادىر قىلغان، بۇ خاتالىقلارنىڭ سىزنىڭ ياكى سىزنىڭ پەرزەنتىڭىز ۋە ياكى بىرەر ئۇرۇق تۇققىنىڭىزنىڭ سادىر قىلىشىڭىزلارنى خالىمايمەن، دۆلىتىمىز بىزنى ياخشى سىياسەت بىلەن تەمىن ئەتتى، ئەمدى بۇ سىياسەتتىن قانداق قىلىپ مۇۋاپىق پايدىلىنىش دەل بىز ئۆزىمىزمىزنىڭ ئىقتىدارىغا باغلىق.

دېمەكچى بولغىنىمنى يىغىنچاقلىسام:

1. ئارزۇ تولدۇرۇشتا مەكتەپ دەرىجىسىگە بەك قاراپ كەتمەڭ، كەسىپ ۋە قىزىقىشىڭىزنى ئاساس قىلىپ تاللاڭ.

2. كەسىپ ئىسمىغىلا قاراپ بەزى ئارتۇقچە خاتالىق سادىر قىلىشتىن ساقلىنىڭ، تەجرىبىسى بارلاردىن كۆپرەك سوراڭ، تاپالمىسىڭىز مانا مەندىن سورىسىڭىز مەن ھەر ۋاقىت كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ياردەمدە بولىمەن.

3. پۇلنىڭ كۆزىگە بەك قاراپ كەتمەڭ. ئىسىڭىزدە بولسۇن: شىنجاڭ تەۋەسىدىكى مەكتەپلەر بىلەن ئىچكىرىدىكى مەكتەپلەر ئاسما-زېمىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا يەنىلا تەجرىبىسى بارلاردىن كۆپرەك سوراڭ.

ئىلگىرى كىيىن بولۇپ بىر نەچچە پارچە يازما تەييارلاپتىمەن. بۇ يازمىلار ئاساسەن يەتتە يىلدىن بىرى ئۆزۈمىنىڭ ئىچكىرە كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىم ۋە ئويلىغان لىرىم ھەققىدە بولۇپتۇ، شۇنداق قىلىپ بۇ يازمىنى يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ تەپسىلىي يازماقچى ئىدىم لېكىن بۇنىڭغا ۋاقىت يار بەرمەي

قالدى. شۇڭا شۇنچىلىك يېزىپ ئاخىرلاشتۇردىغان بولدۇم. بۇ يازمىلارنى ئاشۇ ئىچكىرى شىنجاڭ سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان، ئالدىمىزدا جىددىي ئىمتىھان بىرىش ئالدىدا تۇرىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆرۈشى ناتايىن چۈنكى ئۇلاردا بۇنداق پۇرسەت يوق. ئۇمىدىم پەقەت مۇشۇ يازمىنى كۆرگەن تورداشلارنىڭ ئىچكىرىدە پەرزەنتى ئوقۇۋاتقان ئاتا-ئانىلار ئۇچۇن يەتكۈزۈپ قويۇشىنى ۋە ياكى ئۇرۇق-تۇققانلىرىغا يەتكۈزۈپ قويۇشىنى تەسىيە قىلىمەن.

مەزكەر يازمامنىڭ سىزگە ئاز-تولا ياردىمى بولۇپ قالسا يەنە داۋاملىق ئىلقۇت تورى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى بلوگلارنى زىيارەت قىلىپ تۇرۇشنى ئۇنتۇماڭ، بەلكىم ئۇ يەرلەردە سىز ئېھتىياجلىق بولغان مۇھىم مەزمۇنلار سىزنى كۇتۇپ تۇرىۋاتقان بولىشى مۇمكىن.

هۆرمەت بىلەن

ئىلقۇت بلوگىدىن: ياسىنجان مەترۇزى ئىلقۇت(پەنگىيار)